# 7757 ـ توي قىلماقچى بولغان يىگىتنىڭ سۆز ئاچقان قىز بىلەن يالغۇز قىلىشىنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا

## سۇئال

مۇسۇلمان يىگىتنىڭ ئۆزى توي قىلماقچى بولغان قىز بىلەن تويدىن ئىلگىرى ئۆزلىرى ۋەدىلەشكەن جايغا چىقىشى توغرىمۇ؟ ئەگەر ئەمەلىيەتتە چىققان بولسا، ئۇلارنىڭ قىلغىنى توغرىمۇ؟ ئىسلام دىنىدا قىز-ئوغۇللارنىڭ توي قىلىشتىن بۇرۇن سىرتلارغا بىرگە چىقىشى توغرىسىدا قانداق ھۆكۈملەر بار؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى بولسۇن.

توي قىلمىغان ئەر-ئاياللارنىڭ خالىي جايدا بىرگە تۇرۇشى توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلىش پىسقى-پۇجۇر، بۇزۇقچىلىققا تۈرتكە بولىدۇ، بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئەر بىلەن بىر ئايال يالغۇز خالىي قالىدىكەن ئۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى شەيتاندۇر».

ئەگەر توي قىلىش ئىرادىسىگە كەلگەن بولسا، يالغۇز قالمىغان ئەھۋالدا، قىزنىڭ يېنىدا دادىسى ياكى ئانىسى ياكى قېرىنداشلىرىدىن بىرەرسى بولسا ئۇ قىزغا قارىسا بولىدۇ، قاراشتىمۇ كۆپىنچە ئاشكارا بولىدىغان يۈزى، چېچى، ئىككى ئالقىنى ۋە ئىككى قەدىمى قاتارلىق جايلارغا سۈننەت بويىچە پىتنىدىن ساقلانغان ئاساستا قارىسا بولىدۇ.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.